# بورتالا ئوبلاستى: «مىكرو ھەرىكەت»لەر توپلىنىپ، مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىغا ئايلاندى

—— دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈزىتىشنى تۇتۇش توغرىسىدىكى يۈرۈشلۈك خەۋەر

**ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

**دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈزىتىشنى تۇتۇش**

□ مۇخبىرىمىز جاڭ جىلى، ئەختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز ساۋ يىگۇاڭ، گاۋ مېيچىن

ئالقىشلاش، باھا بېرىش، ئۇلاپ يوللاش... يېقىندا «بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا ‹مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى ئۈلگە كۆرسىتىش ئوبلاستى› دەپ نام بېرىلدى» دېگەن خەۋەر «دوستلار چەمبىرىكى»نى قاپلىدى. بۇ ئالاھىدە شەرەپكە ئېرىشىش بورتالا ئوبلاستىنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجادىي ھالدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى «مىكرو ھەرىكىتى»نى قانات يايدۇرغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئۈچ تەرىپى تاغ بىلەن ئورالغان بورتالا ئوبلاستىدا 35 مىللەت ئولتۇراقلاشقان. بورتالا ئوبلاستلىق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى باينىكېشىكنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، باش تېما تەربىيەسىدە، بورتالا ئوبلاستى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىشنى قانات يايدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى «مىكرو ھەرىكىتى»نىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى، مۇقىملىقنى قوغداش - چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، مەنىۋى مەدەنىيلىك، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئومۇمىي خەلق قاتنىشىش، ئومۇمىيۈزلۈك تەدبىر قوللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرغان.

مۇخبىرنىڭ ئىگىلىشىچە، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىشتىكى «ئالتىنى كىرگۈزۈش» پائالىيىتىگە تۈرتكە بولۇش ئاساسىدا، بورتالا ئوبلاستى مىكرو زىيارەت، مىكرو تارقىتىش، مىكرو بىرلەشمە دوستلۇق، مىكرو ھەمتۈرتكە، مىكرو توركاتەكچە، مىكرو خەلق تۇرمۇشىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى «مىكرو ھەرىكىتى»نى ئىجادىي ئالغا سىلجىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش خىزمىتىنى ھەر تەرەپلىمە، كۆپ نۇقتىدىن قانات يايدۇرغان.

بىر قېتىملىق مىكرو ھەرىكەت قەلبلەرنى ئىللىتىدىغان بىر ھېكايە، كىچىككىنە ئىشلار قوشۇلۇپ ئۈزۈلمەس كىچىك ئېقىنغا ئايلاندى. يېقىندا، بورتالا ئوبلاستلىق پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ بورتالا شەھەرلىك شويېگېن بازىرى تاۋنسالا كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى جاڭ دۇڭبو كەنت دوختۇرىنى باشلاپ تۇغقىنى دادىخان تالىپنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، دادىخاننىڭ پۇتىدىكى جاراھەتنى تەكشۈردى. يېگانە قالغان دادىخان قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچراپ، پۇتىغا پولات تاختا سالدۇرغان بولۇپ، بۇ يىل پولات تاختىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن، جاراھەتكە سەل قارىغاچقا، يارا ئېغىزى يۇقۇملىنىپ، تېرىسى شەلۋەرەپ كەتكەن. جاڭ دۇڭبو تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنىڭ بىلەن تۇغقانلىشىپ، دادىخاننىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالغاندىن سىرت، يەنە ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ داۋالاتقاندى. دادىخان تەسىرلەنگەن ھالدا: جاڭ دۇڭبو خۇددى ئۆز ئوغلۇمغا ئوخشاش، دېدى.

«باش تېما تەربىيەسىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى مېنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدا يېڭى تەسىراتقا ئىگە قىلدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىر مەزگىللىك ئىش ئەمەس، بەلكى بىر ئۆمۈرلۈك ئىش، سىز ‹تۇغقىنىڭىز›غا قانچە يېقىن بولسىڭىز، ئۇمۇ سىزنى شۇنچە يېقىن كۆرىدۇ. مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ- كۆزىتىپ پەرقلەرنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن، بىز ھەربىر ‹مىكرو ھەرىكەت› ئارقىلىق پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسەتلىرىنى ئاممىنىڭ ئائىلىسىگىچە يەتكۈزۈپ، ياخشى ئىشنى ئاممىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بېجىرىشىمىز كېرەك» دېدى جاڭ دۇڭبو.

12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، بورتالا شەھەرلىك 5 - باشلانغۇچ مەكتەپ 6 - يىللىق 2 - سىنىپنىڭ تەكرار دەرسىدە، 11 ياشلىق ساۋاقداش شەكلە نۇرمەمەت پارتىدىشى چېن شۈەي بىلەن ئەدەبىيات سوئالىنى مۇزاكىرە قىلىشىۋاتاتتى. شەكلەنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى سىنىپ بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ، ساۋاقداشلار دائىم ئۇنى ئىزدەپ قىيىن مەسىلىلەرنى سورايدۇ. ئۇ ھەر قېتىم سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ.

«ھەر مىللەت ساۋاقداشلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، سەممىي قەلبىم بىلەن ساۋاقداشلىرىمغا ياردەم بېرىش مېنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان كىچىك ئانار دانىسىغا ئايلاندۇردى.» مانا بۇ شەكلەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ياخشى ئۆسمۈر بولۇشتا ئۆزىگە قويغان تەلىپى. 4 - يىللىقتا شەكلە بىلەن تونۇشقان ھەم ئۇنىڭ بىلەن ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالغان ساۋاقداش موۋ يۈشۈەن مۇنداق دېدى: «ھازىر مەكتەپ ھەر قېتىم ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتى ئۆتكۈزگەندە، مەن ھەمىشە شەكلە بىلەن بىللە نومۇر تەييارلايمەن. مەن ناخشا ئېيتىشنى ياخشى كۆرىمەن، شەكلە ئۇسسۇل ئويناشقا ئامراق. بىزنىڭ تەسىرىمىزدە، ئاتا - ئانىلىرىمىزمۇ دوست بولۇپ قالدى».

«ھازىرغا قەدەر، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ‹مىكرو ھەرىكىتى›نى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا، ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلاردىن 8689ى، تۈرلۈك ‹كىچىك تېپ›تىن 7594 كىشى بارلىققا كەلدى. بۈگۈنكى كۈندە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ‹مىكرو ھەرىكىتى› بورتالا ئوبلاستىنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىدىكى يېڭى موتورغا، خەلق رايىنى مۇجەسسەملەپ ئاممىنى تەربىيەلەشتىكى يېڭى شەكىلگە، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى يېڭى تۇتقىغا، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى يېڭى تەدبىرگە ئايلىنىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى، ياخشى بولغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تۇپلىما ئۈنۈم ئېففېكتىنى پەيدا قىلدى، بورتالا ئوبلاستى ‹مىكرو ھەرىكىتى› ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئاكتىپ كۈچىنى مۇجەسسەملىمەكتە» دېدى باينىكېشىك.

(بېشى 1 - بەتتە)

بېيجىڭ - جاڭجياكوۋ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولى دۆلەتنىڭ «ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك تۆمۈريول تورى يىرىك پىلانى»دىكى «تەرەپ - تەرەپكە تۇتاشقان» بېيجىڭ - لەنجوۋ تۆمۈريولىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مۇھىم يانداش ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى بولۇپ، 2015 - يىلى 12 - ئايدا قۇرۇلۇش باشلانغان. بېيجىڭ - جاڭجياكوۋ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولىنى دۆلىتىمىز ئۆز ئالدىغا لايىھەلەپ ياسىغان بولۇپ، دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار بولغان، سائەتلىك سۈرئىتى 350 كىلومېتىرغا يېتىدىغان ئەقلىي ئىقتىدارلىق يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول. قاتناش باشلانغاندىن كېيىن، بېيجىڭدىن جاڭجياكوۋنىڭ تەيزىچېڭدىكى قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئاساسلىق مۇسابىقە مەيدانلىرىغا بىر سائەت ئىچىدە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ؛ تۇتاشتۇرۇلۇپ قاتناش باشلانغان جاڭجياكوۋ - كۆكخوت، جاڭجياكوۋ - داتوڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولى بىلەن تۇتاشتۇرۇلىدۇ، بېيجىڭدىن كۆكخوتقا ئىككى سائەت 20 مىنۇت ئەتراپىدا يېتىپ بارغىلى، بېيجىڭدىن داتوڭغا بىر سائەت 40 مىنۇت ئەتراپىدا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ.

# خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش گۈزەل تۇرمۇش يارىتىدۇ

(بېشى 1 - بەتتە)

تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدىن خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش كېرەك. 2016 - يىلدىن باشلاپ، شىمالىي شىنجاڭدىكى بۇرچىن ناھىيەسى ئاھالىلەرنىڭ ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنى مەركەز قىلىپ، پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئائىلە دوختۇرلىرى كېلىشىم ئىمزالاپ مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، ئائىلە دوختۇرلىرى مۇلازىمەت كوللېكتىپى ئاھالىلەرنىڭ ساغلاملىقىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولۇپلا قالماي، يەنە ئاھالىلەر ئۈچۈن ساغلاملىق ئارخىپى تۇرغۇزۇشقا مەسئۇل بولۇپ، ھەرىكەت ھالىتىدە ساغلاملىقىنى كۆزىتىپ ئۆلچەش ۋە دائىرىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ساغلاملىق سەۋىيەسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. «تەرەققىياتنى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، شۇ جايغا نەپ يەتكۈزۈشتە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك»، مۇشۇنداق ئىدىيە بويىچە، شىنجاڭ ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈش ئاساسىدا خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا كۈچەپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا زىچ بىرلەشتۈرۈپ تەرەققىياتقا تۈرتكە بولدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، يەنە ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

جەمئىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشى ناھايىتى زور دەرىجىدە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىدىن كەلگەن. ئىلگىرى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بەزى كونا مەھەللىلەرنىڭ يوللىرى تار، ئەۋرەز يوللىرى راۋان ئەمەس، لىفت يوق بولغاچقا، ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا بىرقەدەر قولايسىزلىق ئېلىپ كەلگەندى. بۇ يىل، ئۈرۈمچى شەھىرى مەركىزىي شەھەر رايونىدىكى كونا ئولتۇراق رايونلاردا ئۆيلەرنى ئۇنىۋېرسال ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى باشلىدى، ئاشخانا، تازىلىق ئۆيىنى ئۆزگەرتىش، تۇرۇبا سۈيى يولى، يۇندى يوللىرىنى ئۆزگەرتىش، لىفت ئورنىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىغا ھەقىقىي ئېرىشىش تۇيغۇسى ئېلىپ كەلدى. خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدىكى كۆرگىلى، تۇتقىلى بولىدىغان ئەجايىب ئۆزگىرىشلەر نېمىنىڭ خەلق تۇرمۇشىنى ئىزچىل ياخشىلاش ئىكەنلىكىنى، نېمىنىڭ پۇقرالارغا ئەمەلىي نەپ يەتكۈزۈش ئىكەنلىكىنى جانلىق چۈشەندۈرۈپ بەردى.

خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنىڭ ئاخىرلىشىش نۇقتىسى يوق، پەقەت ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدىغان يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىلا بار. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىدىكى قىيىن نۇقتا، تۇسۇق نۇقتىلارنى بىر - بىرلەپ ھەل قىلىپ، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، تۇرالغۇ، يۈرۈش - تۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان قۇرۇلۇشلاردا ئارقا - ئارقىدىن ئىش باشلىدى. ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى كەڭرى ئۆيلەردىن جەنۇبىي شىنجاڭ بوستانلىقلىرىدىكى دېھقانلار ھويلىسىغىچە، شىنجاڭ تۇپرىقىدا خاتىرجەم ياشاش، ئىناق، بەختلىك بولۇشتەك يېڭى مەنزىرە نامايان بولدى. خەلق تۇرمۇشى ساھەسىنىڭ دائىرىسى كەڭ، سالمىقى زور، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش مۇقەررەر مەڭگۈلۈك تېما، ئوخشاش بولمىغان باسقۇچتا ئوخشاش بولمىغان خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسى بولىدۇ، كونا مەسىلىلەر ھەل قىلىنىشى بىلەن، يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرمۇ ئۈزلۈكسىز كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇ، جەزمەن تېخىمۇ ئىنچىكە، تېخىمۇ ئەمەلىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بوشاشماي چىڭ تۇرىدىغان چىدامچانلىقنى ئۇرغۇتۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئىقتىدارى ۋە تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش سەۋىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ھەر مىللەت ئامما ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كۈنسېرى كۆپ خىللىشىۋاتقان خەلق تۇرمۇشى ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇش كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بۈگۈنكى شىنجاڭدا، كىشىلەر قەلبى مۇقىملىققا تەلپۈنىدۇ، كىشىلەر قەلبى خاتىرجەملىككە تەلپۈنىدۇ، كىشىلەر قەلبى تەرەققىياتقا تەلپۈنىدۇ. ھەر مىللەت ئاممىنىڭ خەلق تۇرمۇشى، بەخت - سائادىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىشى پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، كۈچەپ خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، خەلق تۇرمۇشىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئەبەدىي ئەمىنلىك ۋەزىيىتى يارىتىپ، ئەبەدىي ئەمىنلىك ئىشلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان بولساقلا، سوتسىيالىستىك شىنجاڭنىڭ ئەتىسى مۇقەررەر ھالدا تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ.

**(ئاپتورى خەلق گېزىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇخبىرى)**

**(12 - ئاينىڭ 30 - كۈندىكى «خەلق گېزىتى»دىن ئېلىندى)**

# خالىغانچە بۇرمىلاش، قارا چاپلاشقا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغدايمەن

(بېشى 1 - بەتتە)

شىنجاڭ تېرروررىزىم، دىنىي ئەسەبىيلىك بۆلگۈنچىلىكنىڭ چوڭقۇر خەۋپىگە ئۇچرىدى. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1990 - يىلدىن 2016 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرى يۈز بېرىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشى ۋە زور مال - مۈلۈك زىيىنىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىنى ئېغىر دەپسەندە قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئېغىر توسقۇنلۇق قىلغان.

كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا، شىنجاڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى، خەلق تۇرمۇشىنى كۈچەپ ياخشىلاش، قانۇنچىللىق تەشۋىق - تەربىيەسىنى كۈچەيتىش، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، ياردەم بېرىش - يېتەكلەش تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى. ھازىر، شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ.

جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى ئىزچىل مۇقىم بولدى. ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، جىنايى ئىشلار دېلولىرى، ئامانلىق دېلولىرى، بىخەتەرلىككە خەۋپ يەتكۈزۈش دېلولىرى، ئاممىۋى بىخەتەرلىك ۋەقەلىرى زور دەرىجىدە ئازايدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. نۆۋەتتە، «ئۈچنى ئۆگىنىش، بىرنى تۈگىتىش» بويىچە تەلىم - تەربىيەگە قاتناشقان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى تەربىيەنى تاماملىدى. ئۆگىنىش ئارقىلىق تەربىيەلەنگۈچىلەر دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، تېررورىزم، ئەسەبىيلىكنىڭ روھىي كونتروللۇقىدىن تەدرىجىي قۇتۇلدى، قانۇن ئېڭى كۈچەيدى، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى قوللىنىش سەۋىيەسى ئۆستى، زامانىۋى بىلىم ۋە ئۇچۇرغا ئېرىشىش قورالىنى ئىگىلەپ، ئەمەلىي تېخنىكا ئۆگىنىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدى. ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە، تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىلەر مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتى، بەزىلىرى كارخانىلارغا كىردى، بەزىلىرى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىدى، ئۇلار ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن، كارخانا ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرمەكتە.

ئىقتىسادىي تەرەققىيات ساغلام، تەكشى، مۇقىم بولدى. ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيەلىك نىشانىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىجادىي، ماس، يېشىل، ئوچۇق، ھەمبەھرە تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ ئىزچىل ساغلام تەرەققىياتىنى ساقلىدى. 2018 - يىلى رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 تىرىليون 200 مىليارد يۈەننى بۆسۈپ ئۆتۈپ، تارىختىكى يېڭى رېكورتنى ياراتتى؛ ساياھەتچىلىكتە شىددەت بىلەن ئېشىش بارلىققا كەلدى. ساياھەتچىلىكتە كۈتۈۋېلىنغان ئادەم سانى ۋە ئىستېمال مىقدارى ئۇدا ئۈچ يىل 30% —— 40%لىك ئېشىش سۈرئىتىنى ساقلىدى.

خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى. ئاپتونوم رايون ئادەتتىكى ئاممىۋى خامچوت چىقىمىنىڭ 70%دىن كۆپرەكىنى خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشقا ئىشلىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ھەر مىللەت خەلقىنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئادىل مەنپەئەتلەندۈردى. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. ئاپتونوم رايون مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي رايون ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا باراۋەر قاتنىشىش ھوقۇقى ۋە ئۆز رايونى، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، قانۇن بويىچە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغدىدى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ ئەۋج ئالدۇردى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغداپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشقا يېتەكلىدى.

دىنلار ئىناق، رايىش بولدى. شىنجاڭ دۆلىتىمىز ئاساسىي قانۇنىدىكى «پۇقرالار دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئىگە» دېگەن بەلگىلىمىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالارغا ئوخشاش سىياسىي ھەم ئىقتىساد، جەمئىيەت، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھوقۇق - مەنپەئەتتىن باراۋەر بەھرىمەن بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. قانۇن بويىچە دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇستەقىل، ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ دىنلارنى جۇڭگولاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلىدى.

پاكىت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشتى. شىنجاڭنىڭ گۈللىنىپ مۇقىم بولۇشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنلار ئىناقلىقىنى سىجىل ساقلىشى دەل ئەڭ كەڭ خەلق رايى ۋە ئەڭ چوڭ كىشىلىك ھوقۇق، دەل ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئۆكتەملىك بىلەن ئەيىبلىشىگە ۋە قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىشىغا بېرىلگەن ئەڭ كۈچلۈك قايتۇرما زەربە.

ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىشى پەقەت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگو خەلقىگە ئۇنىڭ رەزىل نىيىتى ۋە زومىگەرلىك ماھىيىتىنى يەنىمۇ ئېنىق تونۇتىدۇ، پەقەت پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ مۇستەھكەم ئۇيۇشتۇرىدۇ، ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەيدۇ. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولسىلا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ زىچ ئىتتىپاقلىقى بولسىلا، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسىدىغان ۋە شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست جەزمەن ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ھەرقانداق كۈچ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى توسۇپ قالالمايدۇ! ھەرقانداق كۈچ شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىگە قاراپ مېڭىشىنى توسۇپ قالالمايدۇ!